# ئەگەر كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ ئۇنى چەكلىمىسە ئاللاھ ئۆز ئازابىنى ئۇلارغا تېزلا ئومۇملاشتۇرىدۇ

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ: ئى خالايىق!، سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ: «ئى مۆمىنلەر!، ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگەزىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇيسىلەر، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەگەر كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ چەكلىمىسە ئاللاھ ئۆز ئازابىنى ئۇلارغا تېزلا ئومۇملاشتۇرىدۇ» دېدى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نەسائىي"سۈنەن نەسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ن]

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئى خالايىق!، سىلەر:{ئى مۆمىنلەر!، ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ} دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن ئىنسان ئۆزى توغرا يولدا بولسا باشقىلارنىڭ ئازغۇنلىقى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۆزىنى تۈزىسە باشقىلارنىڭ ئىشى ئاللاھقا بولىدۇ دەپ چۈشىنىسىلەر، بۇ خاتا چۈشەنچىدۇر، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بولىشى ئۈچۈن توغرا يولدا بولىشىمىزنى شەرت قىلىپ: {سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ} دېدى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلەش توغرا يولدا بولۇشنىڭ بىر قىسمىدۇر، بۇ توغرا يولدا بولغانلىق بولسا، زىياندىن ساقلىنىشىمىز ئۈچۈن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلىشىمىز زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەگەر كىشىلەر يامان ئىش- ھەرىكەتلەرنى كۆرۈپ ئۆزگەرتمىسە، زالىمنى چەكلىمىسە ئاللاھ ئۆز ئازابىنى ئۇلارغا ئومۇملاشتۇرىدۇ» دېدى، يەنى: ئۇلار ئازغۇن كىشىنى كۆرۈپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلىمىسە ئازغانلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا، يەنى: يامان ئىشنى قىلغۇچىغا ۋە ئۇنىڭدىن توسمىغان غاپىلغا جازانى ئومۇملاشتۇرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3470